# 151671 ـ ئوقۇغۇچى ئەخلاقى ناچار ساۋاقداشلىرىدىن قانداق يىراقلىشىدۇ؟

## سوئال

مەن بىر مەسچىدتە قۇرئان ئۆگىتىمەن، ئوغلۇممۇ دەرسىدە بولىدۇ، ئۇ باشلانغۇچنىڭ ئالتىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدۇ، چىراي-شەكلى جايىدا، مەن كۆزىتىپ باقسام ئۇنىڭدىن ياشقا چوڭ بالىلار ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا ئۇرىنىۋاتىدۇ، مەن ئوغلۇمنى ئۇلاردىن يىراقلاشتۇردۇم، مۇلاھىزە قىلىپ باقسام ئوغلۇمدىمۇ بىر چەكلىمە يوق ئىكەن، مەن ئوغلۇمغا بىر قانچە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەيمەن: ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىش ياكى ئۇلارنىڭ ئوغلۇمغا پۇخۇرلۇق قىلىشىدىن ـ ئاللاھ بۇنىڭدىن ساقلىسۇن ـ ئەنسىرەيمەن. سىلەرنىڭ مېنى مۇشۇ ھەقتە قىلىشىم زۆرۈر بولغان ئىشتا توغرا يول كۆرسىتىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن. ئاللاھ سىلەرگە ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلسۇن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەۋۋەل يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىش بىلەن ھەقىقى يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ئىشنىڭ ئارىسىنى ئايرىش كېرەك، ياشتا ئۆزىدىن كىچىك بالىلارغا ئارىلاشقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەقسىتى ناچار بولمايدۇ، پەقەت ناچار ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن تونۇلغان ياكى توغرا يولدا بولمىغان كىشىلەر بولسا بۇنداق ھالەتتە ئۇنداق كىشىلەردىن بەك ھەزەر قىلىش كېرەك بولىدۇ.

سوئال سورىغۇچى كىشى بۇ ۋاقىتتا تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن بولىدۇ:

1-ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش. ئوغلىنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىش، دىققەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى يېقىندىن تونۇشقا ھېرىسمەن بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

2-ئۇنىڭغا ئاشۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ خەتىرىنى، ئۇلاردىن يىراق بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قانائەتلەنگۈدەك ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن بەزىسىنىڭ مەقسەتلىرىنى تونۇشقا ئۆرۈنۈش كېرەك.

3-ئوقۇغۇچىلارغا ئەۋرەتكە ئالاقىدار بولغان ھۆكۈملەرنى ئومۇمى شەكىلدە بايان قىلىپ بېرىش، ئەۋرەتنى ئومۇمى ئىنسانلاردىن مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، ئۇنىڭدىن كۆز يۇمۇشنى بايان قىلىش ۋە ناچار دوستلارغا ئارىلىششتىن ھەزەر قىلىدۇرۇش كېرەك.

4-ئاشۇ ياشلارغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىش، ئۇلارغا ئۆلىمالارنىڭ تۆك چىقمىغان بالىلارغا ھەمراھ بولۇشتىن

ئاگاھلاندۇغانلىقىنى، ئۇلارغا تولا قاراشنىڭ خەتىرىنى، ئۆلىمالارنىڭ ئۆزى چىرايلىق يۈزىگە تۆك چىقمىغان بالىلارنىڭ يۈزىگە شەھۋەت بىلەن قاراشنى چەكلىگەنلىكىنى، بەلكى بەزى ئۆلىمالارنىڭ مۇتلەق قاراشنى ھارام دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىش كېرەك.

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭ دەلىلى: ئۇ ئايال كىشىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ، ئايالنى كۆڭلى تارتقاندەك ئۇنىمۇ كۆڭلى تارتىدۇ، ئۇنىڭ چىرايىمۇ گۈزەللىكتە ئايالنىڭ چىرايىغا ئوخشايدۇ، بەلكى گۈزەللىكتە نۇرغۇن ئاياللاردىن چىرايلىق بولىدۇ، بەلكى ئۆلىمالار ئۇنىڭغا قاراشنى يەنە بىر مەنا ئۈچۈن ھارام دېگەن: يەنى ئايالغا مۇمكىن بولمايدىغان يامان ئىشلارنى ئۇنىڭ بىلەن قىلىش مۇمكىن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ["سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسى"4-توم 31-بەت].

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "تۆك چىقمىغان بالىغا تەكرار قارىغان كىشى ياكى كۆزىنى ئۆزمەي قارىغان كىشى: مەن ئۇنىڭغا شەھۋەت بىلەن قارىمىدىم دېسە، ئۇ يالغانچىدۇر، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىغا ئۆزمەي قارايدىغانغا بىرەر ھاجەت يوق، ئۇنىڭ قارىشى پەقەت قاراش بىلەن كۆڭلىدە بىر لەززەت ھاسىل قىلىشتۇر، ئەمما تۇيۇقسىز قاراپ قىلىپ كۆزىنى ئېلىپ قاچقان بولسا بۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ". ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى"15-توم 419-بەت].

5-سىزنىڭ ئۇنىڭدىن ئەنسىرىشىڭىز داۋاملىشىپ، باشقا چارە تاپالمىسىڭىز، ئۇ بالىنىڭ ئائىلىسىگە نەسىھەت قىلىپ ئۇنى باشقا ئورۇنغا يۆتكەش ئارقىلىق ئاشۇ ناچار بالىلاردىن يىراقلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈڭ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.